هايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب

بېرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)

# ياشاش



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هايۋان باللىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
دائىر رەسىملىك كىتاب

# ياشاش

ئاپتورى: بىرناند ستون خاۋس (ئەنگلىيە)
رەسىمنى سىزغۇچى: جون فرانكس
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

动物宝宝成长图画书. 生命篇：维吾尔文 / (英)
斯通豪斯著；祝威，艾合买提·肉孜译. -- 乌鲁木齐：
新疆美术摄影出版社，2015.8
ISBN 978-7-5469-7070-7

Ⅰ. ①动… Ⅱ. ①斯… ②祝… ③艾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 210872 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：加沙热提·吾甫尔
装帧设计：桔热提·阿西木
复　　审：依布拉音·哈木都拉
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜
封面设计：伊丽米努尔·麦麦提艾力

书　　名　动物宝宝成长图画书——生命篇（维吾尔文）
译　　者　艾合买提·肉孜
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　880 mm × 1230 mm　　1/16
印　　张　3
版　　次　2015 年 8 月第 1 版
印　　次　2016 年 4 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7070-7
定　　价　13.60 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

# كىرىش سۆز

دۇنيادا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر پاكىت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئۇلار بالىسىدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، بولۇپمۇ ئەگرى ـ توقاي، جاپالىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئاتا ـ ئانىلار تېخىمۇ شۇنداق. دەل مۇشۇنداق مېھىر ـ مۇھەببەت ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئىلگىرىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن.

ئۇنداقتا بىز بالىلىرىمىزغا مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا كۆپرەك بىلىم ئۆگەتكەن ۋە ئۇلاردا ئارتۇقچىلىق يېتىلدۈرگەندىن سىرت، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ ماھارەتلەرنى، ئالايلۇق، ياشاش ماھارىتى دېگەندەكلەرنى بىلدۈرەلەمدۇق؟

بۇ جەھەتتە بىز ھايۋانلاردىن ئۆگىنىسەك بولىدۇ. بىز ئىنسانلار بىلەن تەڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ھايۋانلارنى سەل چاغلاۋاتقان بولساق كېرەك. بولۇپمۇ، بالا بېقىش، بالىلىرىغا ماھارەت ئۆگىتىش جەھەتتىكى بەزى نۇقتىلاردا ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى ئىنتايىن ئاددىي، مىليارد يىللىق ياشاش رىقابىتىدە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن غالىب كەلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىنسانلار ئۆزئارا رىقابەتكە، ھەتتا ئۇرۇش ـ تالاشقا كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، مەدەنىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى لازىمەتلىكنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولدى، بىراق شۇنىڭغا ماس ھالدا ئىنسانلارمۇ ھايۋانلاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن كەلگەن ئىپتىدائىي ماھارىتى ۋە ياشاش ماھارىتى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتى. ئەمما ھايۋانات دۇنياسىدا يەنىلا ئاجىزلار شاللىنىش، ماسلىشالىغانلىرى ياشاش، ماھارىتى يوقلار تەبىئىي ھالدا باشقا ھايۋانلارنىڭ يېمىگە ئايلىنىپ كېتىشتەك تەبىئىي قانۇنىيەت داۋاملىشىپ كەلدى.

مۇقەررەركى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ رەھىمسىز ياشاش قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ ھايات قالغان ھايۋانلار شۇ خىل ھايۋانات ئۇرۇقدىشى ئىچىدىكى قابىللاردۇر.

بىز مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەنگلىيەدىكى پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي نەشرىيات Firecrest Books كىتابچىلىق چەكلىك شىركىتى سەنئەت ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلغان John Fransis/Bernard Thornton

«GROWING UP» يۇرۇشلۇك كىتابلىرىنى كىرگۈزدۇق. بۇ كىتابلارنى دۇنيادىكى داڭلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئالىملىرى بىلەن رەسساملار بالىلار ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ چىققان.

كىتابتا ھايۋان بالىسىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىشىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۆزگىرىش جەريانى، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقى ئېچىپ بېرىلگەن؛ ھايۋان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى قانداق ئاسرايدىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ ھەربىر جانلىقنىڭ مىدىرلاش، تۇرۇش، يۈگۈرۈش، ئۈزۈش، ئۇچۇش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىلىش ئارقىلىق ھاياتلىق سەپىرىنىڭ جاپالىق ۋە مېھنەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مانا بۇلار ھەربىر ھايۋان بالىسىنىڭ ھەربىر ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش ئائىلىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغانلىقى، ھايۋان بالىسى كىچىكلىكىدىن ھايۋانات دۇنياسىدا، ئادەم بالىسى كىچىكلىكىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بالىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى بۇ كىتابتىن نەپ ئالالايدۇ. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەلكىم ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرىكى بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلىڭىز توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىڭىز مۇمكىن. ئادەم گەرچە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ياشاش ماھارىتىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى، ئادەم بالىسىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ماھارىتى ۋە تۇغما ئىقتىدارىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ زىيادە ئامراقلىقى تۈپەيلى ئاز ـ ئازدىن تۇنجۇقتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز...



شۇڭا بىز، بالىلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى بالىلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار! دەپ ئىلتىجا قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنداق بولغاندىلا سىزنىڭ بالىڭىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئىچىدىكى قابىللاردىن بولالايدۇ!

يى فەن

2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

## مۇندەرىجە


باللارغا سۆز ........ 2

ئورمان سۇقسۇرى (قوشماق ئۆردەك) ........ 4

سۇرنام چار پاقىسى ........ 6

ئۆردەكتۇمشۇق ........ 8

مىسسىسىپى تىمساھى ........ 10

قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا ........ 12

كۆل رەڭ كېنگۇرۇ ........ 14

كۈمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇش ........ 16

سەقەنقۇر ........ 18

پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى ........ 20

قارا سۇڭگۈچ ........ 22

يالڭاچ قارىغۇ چاشقان ........ 24

كامبالا بېلىقى ........ 26

چوڭ يىڭناغۇچ ........ 28

كاككۇك ........ 30

ئىپار قىرغاۋۇل ........ 32

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ........ 34

شادىپاچاق جاكان قۇشى ........ 36

يېشىل قىسقۇچپاقا ........ 38

كۈنلۈكسىمان مېدۇزا ........ 40

گورچاك بېلىقى ........ 42




www.uyghurkitap.com

# باللارغا سۆز

قەدىرلىك قوزام:

سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردىن تۇغۇلغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ ئەلۋەتتە، سىز ئانىڭىزنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلغان. لېكىن بىلەمسىزكى، نۇرغۇن هايۋان بالىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلمايدۇ.

سۇرەتتىكى قوش قۇيرۇقلۇق سۇر پەرۋانىگە قاراڭ! ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قىزىل يۇزلۇك يېشىل لىچىنكىنىڭ ئۇنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالامسىز؟ بۇ ئەشۇ سۇر پەرۋانىنىڭ ئىككى ئايلىقچە بولغان بالىسى، يەنە بىرەر ئايلاردىن كېيىن ئۇ هېچنېمە يېمەيدۇ. دەرەخ غولىدىكى يوچۇقلارغا ماكانلىشىپ، يىپ قۇسۇپ ئۆزىنى ئوراپ قورچاقتا ئايلىنىدۇ. ئۇ شۇ قورچاق ئىچىدە قىشنى چىقىرىدۇ، ئاندىن ئاستا - ئاستا يېتىلگەن پەرۋانىگە ئايلىنىدۇ. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا غوزەكنى يېرىپ چىقىپ ئۇچۇپ بېرىپ ئەركەك پەرۋانىدىن بىرنى تېپىپ ئەۋلاد





قالدۇرۇشنى باشلايدۇ.

ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بىز ئىنسانلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ئادەم بالىسىنىڭ قىياپىتى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىياپىتى بىلەن چوڭ ـ كىچىكلىك جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ، ئەمما نۇرغۇن ھايۋان بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇرقىغا پەقەت ئوخشىمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا بىرنەچچە خىل ئۆزگىرىدۇ. سىزنىڭ ئۇلارنىڭ قانداق تۇغۇلۇپ، قانداق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلگىڭىز بارمۇ؟

بۇ كىتابتا تۇغۇلۇش شەكلى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ھايۋان بالىسى تونۇشتۇرۇلغان. قېنى ئەمىسە، بىرلىكتە كۆرۈپ باقايلى!



# ئورمان سۇقسۇرى (قوشماق ئۆردەك)

سىز تۇغۇلۇپلا ئۇچالايدىغان قۇش بالىسىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئورمان سۇقسۇرى شۇ خىلدىكى ئۆردەك ھېسابلىنىدۇ.



ئورمان سۇقسۇرى كانادا بىلەن ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئۆردەك بولۇپ، دائىم دەرەخ كامىرىغا ئۇۋا سالىدۇ. چىشى ئۆردەك تۇخۇملاشتىن بۇرۇن ئۇۋىسىغا يۇمران پەيلىرىنى تىزىپ، 6 ـ 12 تالغىچە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۆت ھەپتىلەردىن كېيىن ئۆردەك باللىرى تەڭلا تۇخۇمدىن چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئۆردەك باللىرىنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى پەستە تۇرۇپ، باللىرىنى پەسكە چۈشۈشكە چاقىرىدۇ. ئۆردەك باللىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پەسكە سەكرەيدۇ، ئۇلار پۇتىنى كېرىپ، كىچىك قاناتلىرىنى قېقىپ يەرگە سالماق قونىدۇ ـ دە، ھەممىسى بىرلىكتە ئىرغاڭشىپ ئېرىققا سۇ ئۈزگىلى ماڭىدۇ.



ئورمان سۇقسۇرى ئېگىز دەرەخلەرنىڭ كامىرىغا ئۇۋا سالىدۇ.



ئۆردەك باللىرى دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن بىللە سۇدا ئوينىماقتا. دادىسىنىڭ پەيلىرى ئانىسىنىڭكىدىنمۇ چىرايلىق ھەم رەڭدار.

سوئال: يېڭى تۇغۇلغان ئورمان سۇقسۇرىنىڭ باللىرى دەرەختىن پەسكە سەكرىگەندە يارىلىنامدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئورمان سۇقسۇرى ئۆردەكنىڭ بىر خىلى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆردەكلەر ئوتلاقلاردا ياشايدۇ، ئەمما ئورمان سۇقسۇرى بولسا ئېرىق ـ ئۆستەڭ ۋە كۆل بار جايلاردا ياشاشنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.




# سۇرىنام چار پاقىسى


نېمىدېگەن غەلىتە! دۈمبىسىدە بالا تۇغىدىغان پاقىمۇ بولىدىكەن! جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى سۇرىنام دېگەن دۆلەتتە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە بىر خىل چار پاقا ياشايدۇ. ئۇ پاقىنىڭ پۇتىنىڭ پالاقچىسى بەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئالدى پۇتىنىڭ ئۇچلۇق پەنجىسى بار.

چىشى چار پاقا بالا تۇغىدىغان چاغدا ئەركەك چار پاقا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ (ئوك تەرەپتىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى چىڭ بېسىپ، سۇدا يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۈزىدۇ. بۇ چاغدا چىشى چار پاقىنىڭ دۈمبىسىدە بۇلۇتسىمان ئورەكچىلەر پەيدا بولىدۇ، ئەركەك چار پاقا ھەربىر ئورەكچىگە بىردىن ئۇرۇق سالىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار ئاۋۋال قومچاققا ئايلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا كىچىك چار پاقا ھالىتىگە كېلىدۇ ۋە ئانىسىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئورەكچىلەردىن چىقىپ سۇدا خالىغانچە ئۈزۈپ ئويناشقا باشلايدۇ.





ئەركەك چار پاقا چىشى چار پاقىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئورەكچىلەرگە بىردىن ـ بىردىن ئۇرۇق سالماقتا.




1. چار پاقا ئۇرۇقى چىشى چار پاقىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئورەكچىلەرگە سېلىنىدى.
2. ئۇرۇق ئاستا ـ ئاستا قومچاققا ئايلاندى.
3. قومچاققا قۇيرۇق چىقتى.
4. بارا ـ بارا قومچاقنىڭ قۇيرۇقى يوقاپ كەتتى.
5. قومچاق كىچىك چار پاقىغا ئايلاندى.

سوئال: كىچىك چار پاقا نەدە تۇغۇلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: چىشى چار پاقا بىرلا ۋاقىتتا 50 ~ 60 غىچە بالا تۇغىدۇ.



# ئۆردەكتۇمشۇق



سىز ئانىسىنىڭ قورسىقىنى يالاپ سۈت ئېمىدىغان ھايۋان بالىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئاۋستىرالىيەدىكى دەريا ـ ئېقىنلاردا ياشايدىغان ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ بالىسى ئانىسىنى شۇنداق ئېمىدۇ.

ئۆردەكتۇمشۇقنىڭ قۇيرۇقى ياپىلاق، تۆت پۇتى قىسقا كېلىدۇ، پۇتىنىڭ پالاقچىسى تەرەققىي قىلغاچقا، سۇدا چاققان ئۈزەلەيدۇ.

چىشى ئۆردەكتۇمشۇق تۇخۇم تۇغۇشتىن ئىلگىرى، ئەركەك ئۆردەكتۇمشۇق سۇ بويىغا ئورەك كولايدۇ، چىشى ئۆردەكتۇمشۇق شۇ ئورەككە ئىككى دانە تۇخۇم تۇغىدۇ ھەمدە تۇخۇمنى قۇيرۇقى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدا بېسىپ ياتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇكسىز ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى تۇخۇمدىن چىقىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەچكە، كۆپىنچە ۋاقىتنى ئۇخلاش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، قورسىقى ئاچسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان سۈتنى يالايدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش). تۆت ئايلاردىن كېيىن ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ئۇۋىسىدىن ئايرىلىدۇ.



ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ئانىسى بىلەن بىللە سۇ ئۈزمەكتە.



ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۈتنى يالىماقتا.

سوئال: ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى قانداق ئېمىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئۆردەكتۇمشۇق بالىسى تۇنجى قېتىم يېرىم كېچە بولغاندا ئۇۋىسىدىن ئايرىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# مىسسىسىپى تىمساھى



مىسسىسىپى دەرياسى ساھىلىدا مىسسىسىپى تىمساھى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تىمساھ ياشايدۇ. چىشى تىمساھ بالا تۇغۇشتىن ئىلگىرى دەريا بويىدىن جىمجىت بىر بۇلۇڭنى تېپىپ، ئۇ يەرگە توپا دۆۋىلەيدۇ ۋە توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، شۇ تۆشۈككە تۇخۇم تۇغىدۇ، ئاندىن پاتقاق ۋە شاخ - يوپۇرماقلار بىلەن تۇخۇمنى كۆمۈپ قويىدۇ، شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ چىرىشىدىن پەيدا بولغان ھارارەتتە تىمساھ تۇخۇمىدا تۆرەلمە شەكىللىنىپ، تىمساھ بالىسى تۇخۇمىدىن چىقىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتكە قاراڭ).

تىمساھ بالىسى تۇخۇمىدىن چىققاندا چىقىرايدۇ، ئانىسى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كېلىپ، تۇخۇمنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلەپ قويغان توپىنى ئاچىدۇ. بەزىدە تېخى ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن تۇخۇمنى چېقىپ، بالىسىنىڭ تۇخۇمىدىن چىقىشىغا ياردەملىشىدۇ.

سوئال: تىمساھ ئانىسى بالىسىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: مىسسىسىپى تىمساھى مىسسىسىپى دەرياسىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.



يېڭى تۇغۇلغان تىمساھ بالىسى ئانىسىغا ئەگىشىپ ماھارەت ئۆگەنمەكتە.



شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ چىرىشىدىن پەيدا بولغان ھارارەتتە تىمساھ تۇخۇمىدا تۆرەلمە شەكىللىنىدۇ.



# قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا

ئىسسىق بەلباغقا جايلاشقان بۇ ئارالدا قارلىغاچسىمان چايكا بالىسى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىدا تۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە. ئاخىر ئانىسىمۇ كەلدى، ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى! تاقەت قىلالماي كىچىككىنە ئاغزىنى ئېچىپ ئانىسى ئېلىپ كەلگەن بېلىجاننى يېدى.

قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا بىر قېتىمدا بىرلا تۇخۇم تۇغىدۇ، ئۇ تۇخۇمنى قىيالارغا ياكى دەرەخ شېخىغىلا تۇغىدۇ. تۇخۇم بېسىشقا ئۇۋا كېرەك قىلمايدۇ، قىيالاردىكى ياكى دەرەخلەردىكى كامار بولسىلا كۇپايە. تۇخۇمنى ئەركەك، چىشى چايكا نۆۋەت بىلەن باسىدۇ، ئۇلار نۆۋەت ئالماشقاندا، تۇخۇمنىڭ چېقىلىپ كېتىشىدىن بەك ئېھتىيات قىلىدۇ.

**سوئال: قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا ئۆتكۈر پەنجە ئۆسۈپ چىقىدۇ، چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ پەنجىسى كۈچلۈك پالاقچىغا ئايلىنىدۇ.**



قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا دەرەخ شېخىغىلا تۇخۇم تۇغىدۇ.



قارلىغاچسىمان ئاق قاشقا چايكا بالىسىنىڭ پەنجىسى تولىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىنى مەھكەم قامالاپ تۇرالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

# كۈل رەڭ كېنگۇرۇ



كۈل رەڭ كېنگۇرۇ ئاۋستراليىدىكى ئورمانلىقتا ياشايدۇ. كۈل رەڭ كېنگۇرۇ بالىسى تۇغۇلۇشقا ئاز قالغاندا، بالىسى ياتىدىغان خالتىسىنى پاكىزلاپ قويىدۇ، بالىسى تۇغۇلغان ھامان خالتىغا كىرىپ ئانىسىنى چىڭ ئېمىشكە باشلايدۇ.

كېنگۇرۇ بالىسى يېڭى تۇغۇلغاندا ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى بىر تال قېرىنداشچىلىكمۇ كەلمەيدۇ. يەتتە ئايلاردىن كېيىن، پات - پات خالتىدىن چىقىپ ماھارەت ئۆگىنىدۇ، بىراق ئانىسىدىن نېرى كەتمەيدۇ، خەتەر ھېس قىلسا، شۇ ھامان ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا كىرىۋالىدۇ.



يېڭى تۇغۇلغان كېنگۇرۇ بالىسى قولى بىلەن ئاستا - ئاستا ئېغىرلاپ، ئانىسىنىڭ خالتىسىغا كىرىۋالىدۇ.



كېنگۇرۇ بالىسى تۇغۇلۇپ يەتتە ھەپتىدىن كېيىنمۇ يەنىلا كىچىك بولىدۇ، ئانىسىنىڭ خالتىسىدا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىڭ تۇتۇپ سۈت ئېمىدۇ.

سوئال: كېنگۇرۇ بالىسى تۇغۇلۇپ نەچچە ئايغىچە نەدە ياشايدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: كېنگۇرۇ قۇيرۇقىنىڭ رولى تولىمۇ چوڭ بولۇپ، ئاستا ماڭغاندا كېنگۇرۇنىڭ «5 - پۇتى» بولىدۇ، سەكرىگەندە تۈزلىنىپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ؛ ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى قوغدايدىغان قورالغا ئايلىنىدۇ.




www.uyghurkitap.com

# كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇش

كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇش ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ياشايدۇ.



كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇشنىڭ بالا تۇغۇش ئۇسۇلى بەكمۇ ئۆزگىچە. چىشى قۇش تۇخۇم تۇغۇشتىن بۇرۇن دەرەخ كامىرىغا كىرىپ ئەركەك قۇش ئېلىپ كەلگەن پاتقاق ۋە شۆلگەيي بىلەن جان باقىدۇ. كاماردىن هاۋا ئۆتۈشىدىغانغا يوچۇق قالدۇرۇپ قويىدۇ.

چىشى قۇش دەرەخ كامىرىغا ئۈچ دانە تۇخۇم تۇغۇپ، شۇ يەردە باشكا چىقىرىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئەركەك قۇش ھەركۈنى يېمەكلىك توشۇپ، جۈپى بىلەن بالىلىرىنى باقىدۇ.



كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇشنىڭ ئانىسى بىلەن بالىلىرى چىقىرىندىلارنى دەرەخ كامىرىدىكى يوچۇقتىن چىقىرىدۇ.



قۇش بالىسى دەرەخ كامىرىدا سەككىز ھەپتىلەرگىچە تۇرغاندىن كېيىن، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ چىقىدۇ.

**سوئال: كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇش بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟**

**بىلۋېلىڭ: كۆمۈش يۈزلۈك كەركىدان قۇش چۇرقىرىشىپ تۇرىدىغان ئىسسىق بەلباغ قۇشى بولۇپ، ئادەتتە توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە نەچچە ئوندىن بولۇپ توپلىشىپ ئۇچىدۇ.**




www.uyghurkitap.com

# سەقەنقۇر

قاراڭ! ئەركەك سەقەنقۇر بالا تۇغدى! شۇنداق، سەقەنقۇر بالىلىرىنى دادىسى تۇغىدۇ. چىشى سەقەنقۇر بالا تۇغماقچى بولغاندا، تۇخۇمنى نەيچە ئارقىلىق ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا كىرگۈزىۋېتىدۇ (ئوڭ تەرەپتىكى سۈرەتكە قاراڭ).

4 ـ 5 ھەپتىلەردىن كېيىن، ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورسىقىدىكى خالتا ئېچىلىپ، 100 دىن ئارتۇق سەقەنقۇر بالىسى تۇغۇلىدۇ ۋە سۇدا ئەركىن ـ ئازادە ئۈزۈپ ئوينايدۇ.




چىشى سەقەنقۇر نەيچە ئارقىلىق تۇخۇمنى جۈپتىنىڭ قورسىقىدىكى خالتىغا كىرگۈزمەكتە.



تۇخۇملار ئەركەك سەقەنقۇرنىڭ قورسىقىدا يېتەرلىك ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېنگە ئېرىشىدۇ.

سوئال: سەقەنقۇرنىڭ چىشىسى تۇغامدۇ ياكى ئەركىكىمۇ؟

بىلىۋېلىڭ: سەقەنقۇر بەدىنىنىڭ رەڭگى ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.



# پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى

پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى يەر شارىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي قۇتۇپتا ياشايدۇ.

پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنىنىڭ ئۇۋىسى بولمايدۇ، چىشى پىنگۋىن دېڭىز يۈزىدىكى مۇزلۇقتا يوغان تۇخۇمدىن بىرنى تۇغۇپ، تۇخۇمنى جۈپتىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە ئەركەك پىنگۋىن تۇخۇمنى ياخشى ئاسراش ئۈچۈن، يېمەي ـ ئىچمەي، بارلىق زېھنىنى يىغىپ، پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغان تۇخۇمنى ئىسسىتىپ، تۇخۇمدىن بالا چىقىرىدۇ.

ئىككى ئايدىن كېيىن پىنگۋىن بالىسى تۇخۇمدىن چىقىدۇ، پىنگۋىننىڭ ئانىسىمۇ يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پىنگۋىن بالىسىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى بالىسىغا نۆۋەتلىشىپ قارايدۇ.





پىنگۋىن بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسى يېمەكلىك ئىزدەپ چىقىپ كەتكەندە ئىسسىنىش ئۈچۈن بىر يەرگە غۇجمەكلىشىۋالىدۇ.



بەدىنىدىكى يۇمران پەي ـ يۇڭلىرى تامامەن چۈشۈپ كەتمىگەن پىنگۋىن بالىسى ئانىسى بىلەن بىللە دېڭىزدىن يېمەكلىك ئىزدىگىلى بارىدۇ.

سوئال: پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟ نەدە تۇرۇپ تۇخۇمدىن چىقىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: پاتاگونىيە چوڭ پىنگۋىنى بىردىنبىر جەنۇبىي قۇتۇپ گىرۋەكلىرىدە قىشنى ئۆتكۈزىدىغان ھەمدە قىش پەسلىدە كۆپىيىدىغان قۇش.



www.uyghurkitap.com

# قارا سۇڭگۈچ

قاراڭ! قارا سۇڭگۈچ ئانىسى چاڭگىسىدا تۇرۇپ ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىغا يەم بەرمەكتە. ئۇنداقتا سىز قارا سۇڭگۈچ چاڭگىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىز؟


قارا سۇڭگۈچ بەكمۇ غەلىتە جايغا چاڭگا سالىدۇ، بەزىلىرى تاغ ئۆڭكۈرىگە، بەزىلىرى ئۆيلەرنىڭ تورۇسىغا، يەنە بەزىلىرى پالما دەرىخىگە چاڭگا سالىدۇ. بۇ سۇڭگۈچنىڭ چاڭگىسى شارقىراتمىنىڭ ئارقىسىدىكى تاغ قاپتىلىدا، سۇڭگۈچ بالىسى مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چاڭگىسى مۇختىن ياسىلىدۇ، بۇنداق جاي ئىنتايىن نەم ھەم سوغۇق بولىدۇ، بىراق ئەمدىلا تۇغۇلغان سۇڭگۈچ بالىسىغا نىسبەتەن بۇ جاي تولىمۇ بىخەتەر جاي ھېسابلىنىدۇ.



بۇ سۇڭگۈچ بالىسى تۇنجى قېتىم چاڭگىسىدىن ئايرىلدى، ئۇ تېز چۈشۈۋاتقان شارقىراتما ئارىسىدىن يوچۇق تېپىپ تېزلىكتە بۆسۈپ چىقتى.

سوئال: سۈرەتتە كۆرسىتىلگەن قارا سۇڭگۈچ بالىسى نەدە تۇغۇلغان؟

بىلىۋېلىڭ: سۇڭگۈچ ھەيران ئۇچۇش سۈرئىتى ئەڭ تېز قۇش ھېسابلىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com



# يالىڭاچ قارىغۇ چاشقان

يالىڭاچ قارىغۇ چاشقاننىڭ تېرىسى ھال رەڭ ياكى سېرىق بولۇپ، يالىڭاچتەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئافرىقىدىكى ئوتتەك قىزىق قۇملۇقلاردا توپلىشىپ ياشايدۇ. ھەربىر توپتا ئەۋلاد قالدۇرۇشقا مەسئۇل «خانىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئانا چاشقان ۋە ئۈچ ئەركەك چاشقان بولىدۇ، ئۇلار ئىش قىلمايدۇ، بىر توپتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. «خانىش» بىلەن ئۈچ ئەركەك چاشقاندىن باشقا يەنە 300 دەك «ئىشچى» چاشقانلار بولۇپ، ئۇلار تۆشۈك تېشىپ توپا كولاش، ئەۋلادلارنى بېقىش، ئوزۇقلۇق توپلاش ۋە مۇداپىئە قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

1 

2 

3 

1. ئەۋلاد قالدۇرۇشقا مەسئۇل «خانىش» دەپ ئاتىلىدىغان ئانا چاشقاننىڭ چوڭلىقى ھەممىدىن چوڭ بولىدۇ.
2. ئەۋلاد قالدۇرۇشقا مەسئۇل ئەركەك چاشقانلارنىڭ جۈغى ئانا چاشقاندىن كىچىكرەك بولىدۇ.
3. توپا كولايدىغان ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان «ئىشچى» چاشقانلارنىڭ جۈغى ھەممىدىن كىچىك بولىدۇ.

سوئال: يالىڭاچ قارىغۇ چاشقان توپىدا قانداق ئىش تەقسىماتى بار؟

بىلىۋېلىڭ: يالىڭاچ قارىغۇ چاشقان ئۆمۈرۋايەت دېگىدەك يەر ئاستىدا ياشايدۇ. ئۇلار كالپۇكىنى يۇمۇۋالسىمۇ چىشى سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار توپا كولىغاندا توپا ئاغزىغا كىرىپ كەتمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كامبالا بېلىقى



نېمىشقا يېڭى تۇغۇلغان كامبالا بېلىقى ئانىسىغا ئوخشىماي ئادەتتىكى بېلىقلارغا ئوخشايدىغاندۇ؟

بۇ ئەسلىدە مۇنداق. كامبالا بېلىقىنىڭ ئانىسى دېڭىز يۈزىگە تۇخۇملايدۇ، بېلىجانلار دېڭىز يۈزىدە تۇخۇمدىن چىقىدۇ. دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە بېلىجانلارنىڭ تۇرقى ئادەتتىكى بېلىقلارغا ئوخشاش بولىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتكە قاراڭ). بىراق بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، كامبالا بېلىجانلىرىنىڭ تۇرقى ئاز - ئازدىن ئۆزگىرىدۇ. ئۆزگىرىش بېلىجانلارنىڭ بېشىدىن باشلىنىدۇ. باشتا ئاغزى ئۆزگىرىدۇ، ئاندىن سول كۆزى ئۆزگىرىپ بولۇپ، ئاستا - ئاستا ئوڭ كۆزى ئۆزگىرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن بەدىنى ياپىلاق ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر تۈگىگەندە بېلىجان ئانىسىغا ئوخشاش سول تەرىپىنى يەرگە يېقىپ، ئوڭ تەرىپىنى سۇ يۈزىگە چىقىرىپ ياتىدۇ.



كامبالا بېلىقىنىڭ تۇخۇمى



كامبالا بېلىقىنىڭ غەيرى ھالىتى تۇغما بولمايدۇ. ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، كۆزى ئىككى تەرەپكە جايلاشقان بۇ كامبالا بېلىجىنى تېخى ئۆزگىرىش ھالىتىگە كىرمىگەن بولغاچقا، قارىماققا باشقا بېلىقلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ.

**سوئال: يېڭى تۇغۇلغان كامبالا بېلىقى نېمە ئۈچۈن ئانىسىغا ئوخشىمايدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: كامبالا بېلىقىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈستۈنكى قىسمى ھەر ۋاقىت ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ رەڭگىگە يېقىن رەڭلەرگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.**



# چوڭ يىڭناغۇچ

قومچاق تۇتۇۋاتقان بۇ قورت بىلەن چىرايلىق يىڭناغۇچنىڭ ئانا ـ بالا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالامسىز؟ شۇنداق! ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئانا ـ بالا.

يىڭناغۇچ تۇخۇملايدىغان ھايۋان. يىڭناغۇچ بەزىدە قومۇش يوپۇرماقلىرىغا تۇخۇملايدۇ، بەزىدە تۇخۇمىنى قومغا كۆمۈپ قويىدۇ، يەنە بەزىدە بىۋاستە ئېرىقلارغا، كۆللەرگە تۇخۇملايدۇ. ھەربىر تۇخۇمدىن بىر دانە لىچىنكا چىقىدۇ، ئۇ چوڭراق بولغاندا چوڭراق ئولجىلارنى تۇتالايدۇ. ئىككى يىللاردىن كېيىن، بېلىجان، قومچاقلارنى تۇتۇپ يەيدىغان بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە بۇ لىچىنكا قومۇشلارغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قېپى ئاستا ـ ئاستا يېرىلىپ چىرايلىق يىڭناغۇچ چىقىدۇ (تۆۋەندىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش).



يىڭناغۇچ يىڭناغۇچ شەكلىدە ئاران بىرنەچچە كۈن ياشايدۇ، ئۇ ھاياتىدىكى مۇتلەق كۆپ ۋاقىتتا لىچىنكا ھالىتىدە بولىدۇ.





لىچىنكا قېپىدىن يىڭناغۇچ چىقتى، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ، ئاپتاپتا ئۆزىنى قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۇچۇشقا تەمشىلىدۇ.

سوئال: يىڭناغۇچنىڭ لىچىنكىسى نەدە ياشايدۇ؟

بىلۋېلىڭ: يىڭناغۇچ دۇنياسىدا چوڭ يىڭناغۇچ تېخنىكىسى يۇقىرى ئۇچۇش ماھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خۇددى رېئاكتىپ ئايروپىلاندەك ئالدىغا ئۇچالايدۇ ھەم تىك ئۇچار ئايروپىلاندەك تىك كۆتۈرۈلۈپ ـ قونالايدۇ.





# كاككۇك

كاككۇك چاڭگا ياسىمايدۇ ھەم بالىسىنى باقمايدۇ. تورغاي كاككۇكنىڭ بالىسىنى ئۆزىنىڭ بالىسى دەپ تۇجۇپىلەپ باقىدۇ. بۇ قانداق ئىش؟

ئەسلىدە كاككۇك بىر قېتىمدا بىرلا تۇخۇم تۇغىدۇ، ئۇ تۇخۇمىنى باشقا قۇشلارنىڭ چاڭگىسىغا تۇغىدۇ. كاككۇك تۇخۇمى بىلەن تورغاي تۇخۇمىنىڭ شەكلى، رەڭگى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، تورغاي تۇخۇمدىن چىققان كاككۇك بالىسىنى ئۇقۇشماي ئۆزەمنىڭ بالىسى دەپ بېقىۋېرىدۇ.

كاككۇك تۇخۇمىنىڭ تۆرەلمە يېتىلىش ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، كاككۇك بالىسى ئاۋۋال تۇخۇمدىن چىقىدۇ ۋە ئازراق چوڭ بولغاندىن كېيىن، تورغاي تۇخۇمىنى چاڭگىدىن چۈشۈرۈۋېتىدۇ (تۆۋەندىكى رەسىمدىكىگە ئوخشاش). شۇنداق قىلىپ ئۇ تورغاي ئېلىپ كەلگەن ئوزۇقلۇقتىن ئۆزى يالغۇز بەھرىمەن بولىدۇ.



كاككۇك تۇخۇمىنىڭ ئازراق چوڭلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تورغاي تۇخۇمى بىلەن كاككۇك تۇخۇمى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.



كاككۇك بالىسى تورغاي تۇخۇمىنى چاڭگىدىن چۈشۈرۈۋاتىدۇ.

**سوئال: سۈرەتتىكى كاككۇك بالىسى نەدە تۇغۇلدى؟ ئۇنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: كاككۇك دائىم «كاككۇك، كاككۇك» دەپ سايرىغاچقا شۇنداق ئاتالغان.**



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىپار قىرغاۋۇل

ئىپار قىرغاۋۇل ئامازون ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ياشايدىغان قىزغۇچ قارامتۇل رەڭلىك قۇش. يېڭى تۇغۇلغان ئىپار قىرغاۋۇل بالىسىنىڭ ھەربىر قانىتىدا دەرەخكە يامىشىشقا ياردىمى بولىدىغان ئىككى تال قاتتىق تىرنىقى بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، ئىپار قىرغاۋۇل بالىسى ئۇچۇشنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇنلا ئۇۋىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا دەريا ـ ئېقىن، كۆللەر كۆپ، نۇرغۇن دەرەخلەر سۇغا چىلىشىپ ئۆسىدۇ. ئىپار قىرغاۋۇل بالىسى پات ـ پاتلا دەرەختىن سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا خەۋپ يەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ماھىر بولغاچقا، تېزلا ئۈزۈپ بېرىپ پۇتى ۋە قانىتىدىكى تىرنىقى بىلەن دەرەخ شاخلىرىغا يامىشىپ، ئامان ـ ئېسەن دەرەخكە چىقىۋالىدۇ. 10 ھەپتىلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ قانىتىدىكى تىرنىقى ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ كۇشەندىسىگە ئۇچراپ قالسا ئۇچۇپ قۇتۇلالايدۇ.



ئەمەلىيەتتە ئىپار قىرغاۋۇل بالىسىنىڭ قانىتى قولىدىن ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭ قانىتىدىكى ئىككى تال تىرناق باش بارماق بىلەن 4 ـ بارمىقىنىڭ تىرنىقى.



ئىپار قىرغاۋۇل بالىسى سۇ ئۈزۈشكە ماھىر.



سوئال: ئىپار قىرغاۋۇل بالىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: ئىپار قىرغاۋۇل بىلەن توخۇنىڭ ئازراق تۇغقانچىلىقى بار، ئىپار قىرغاۋۇل توخۇغا ئوخشاش ئۇچالايدۇ، لېكىن ئېگىز ئۇچالمايدۇ.



# شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى

شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بالىسى قىش پەسلىدە ئانىسى قىشلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدىغان قارلىق ئۆڭكۈردە تۇغۇلىدۇ. دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتىنى بىلىپ ـ بىلمەي دېگۈدەك ئانىسىنىڭ ئىسسىق سۈتىنى ئىمىپ ئۆتكۈزىدۇ.

مانا ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، شىمالىي قۇتۇپتا ئەتىياز بولدى، چىشى شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قار ئۆڭكۈردىن چىقىپ، ئوزۇقلۇق ئىزدىگىلى ماڭدى.

قاتتىق سوغۇق بولىدىغان شىمالىي قۇتۇپتا ئوزۇقلۇق ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپ، توڭ تۇپراق بەلبېغىدىن ئۆتۈپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن دېڭىزغا كەلدى. ئۇ يەردە ئېيىق بالىلىرى دېڭىز شىرى، دېڭىز پىلى ۋە دېڭىز قۇشى تۇتۇشنى ئۆگەندى. بىراق ئۇلار ئۆز ئالدىغا ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئانىسىغا ئەگىشىپ 2 ـ 3 يىل ئۆگىنىشى كېرەك.



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بالىسى قار ئۆڭكۈردە تۇغۇلۇپ، ئانىسىنىڭ بەدىنىدە ئىسسىقلىققا ئېرىشىدۇ.



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بالىسى ئانىسىغا يېقىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ياشاش ماھارىتىنى ئۆگىنىدۇ.

سوئال: شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ پۇراش سېزىمى كۈچلۈك، پۇراش سېزىمى ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق ئىزدەشتە پايدىلىنىدىغان قورالى.





# شادىپاچاق جاكان قۇشى



قاراڭ! شادىپاچاق جاكان قۇش نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدە مېڭىۋاتىدۇ!

ئەسلىدە ئۇنىڭ پۇتىنىڭ بارمىقى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، بارماقلىرىنى ئاچقاندا، بەدەن ئېغىرلىقى تارقاقلىشىپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدىمۇ سۇغا چۆكۈپ كەتمەي ماڭالايدىكەن.

چىشى شادىپاچاق جاكان قۇشى بىر قېتىمدا 3 ـ 4 كىچە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇم بېسىش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ جۈپتى ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇۋىسى ئوت ـ چۆپ ۋە قومۇشتىن توقۇلغاچقا، ئانچە پۇختا ئەمەس ھەم سۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، تۇخۇمنىڭ سۇغا چىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تۇخۇمنى ئەركەك قۇش قانىتىغا ئورىۋالىدۇ. بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققاندىمۇ، يەنىلا ئەركىكى ئۇلارنى ئاۋايلاپ باقىدۇ، بىرەر خەۋپكە دۇچ كەلسە، بالىلىرىنى دەرھال قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ بىخەتەر جايغا كېتىدۇ.



شادىپاچاق جاكان قۇشىنىڭ ئۇۋىسى سۇدا لەيلەپ تۇرىدۇ، تۇخۇمىنىڭ شاكىلى پارقىراق بولۇپ، سۇ يۇقمايدۇ.




سوئال: شادىپاچاق جاكان قۇشى نېمە ئۈچۈن نىلۇپەر يوپۇر-مىقىنىڭ ئۈستىدە ماڭالايدۇ؟



شادىپاچاق جاكان قۇشىنىڭ بالىسى ئۇزۇن بارماقلىرىنى يېيىپ بەدەن ئېغىرلىقىنى تارقاقلاشتۇرۇپ، نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت تۇرماقتا.

بىلۋېلىڭ: شادىپاچاق جاكان قۇشىنىڭ ئۈچۈش ئىقتىدارى تۆۋەن، لېكىن ئۇ سۇ ئۈزەلەيدۇ ۋە سۇغا چۆكەلەيدۇ، يەنە كېلىپ سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەردە ماڭالايدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېشىل قىسقۇچپاقا

يېشىل قىسقۇچپاقا بالىسىنىڭ نەدە تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئەسلىدە ئۇ دېڭىز يۈزىدە تۇغۇلىدىكەن ئەمەسمۇ.

چىشى يېشىل قىسقۇچپاقا دېڭىز يۈزىگە تۇخۇملايدۇ، قىسقۇچپاقا تۇخۇمى دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرۈپ ئىچ ـ باغرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ (ئاستىدىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، ئۇنىڭ قورسىقى ئۇزۇنچاق، بەدىنىدە ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قىلتىرىقلار بولىدۇ. دېڭىز دولقۇنىغا ئەگىشىپ كېتىۋېرىدۇ. ئازراق چوڭ بولغاندا بىرىنچى قېتىم قاسراق تاشلايدۇ. 6 ـ 7 قېتىم قاسراق تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن سول تەرەپ ئۈستۈنكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش يوغان كۆزلۈك ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرقى بارغانسېرى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرۈپ يوغىناپ، قاسراق تاشلاپ، ئاخىرى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ.





يېشىل قىسقۇچپاقا تۇغۇلغاندا لىچىنكا ھالىتىدە بولىدۇ ۋە دېڭىزدا لەيلەپ يۈرۈپ ياشايدۇ.

سوئال: يېشىل قىسقۇچپاقا بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: يېشىل قىسقۇچپاقا داۋاملىق يوغىناماي، قاسراق تاشلىغاندىلا يوغىنايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قاسراق تاشلىغىنىنى يوغىناۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

# كۆنلۈكسىمان مېدوزا

پاھ! بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق مېدوزا ـ ھە!

كۆنلۈكسىمان مېدوزىنىڭ كۆپىيىش ئۇسۇلى بەكمۇ غەلىتە. يېتىلگەن مېدوزا بىر قېتىمدا بىرنەچچە يۈزنى تۇخۇملايدۇ، بۇ تۇخۇملاردىن ناھايىتى كىچىك مېدوزا باللىرى چىقىدۇ.

مېدوزا باللىرى ئاۋۋال دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرۈپ، كېيىنچە دېڭىز ئاستىغا چۆكىدۇ. ئۇلار يۈزىنى ئۈستىگە قىلىپ سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ۋە تاشلارغا چاپلىشىۋالىدۇ. كېيىنچە قالپىقىنىڭ ئەتراپىغا بۇرۇت چىقىدۇ، بۇ بۇرۇتى بىلەن ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ئوتتۇرىدىكى ئاغزىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇلار يەنە ئۆزگىرىپ، سەككىز بەرگىلىك گۈل ھالىتىگە كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا دېڭىز يۈزىدە خالىغانچە لەيلىيەلەيدۇ ۋە لەيلەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئانىسىغا ئوخشاش چىرايلىق ھالەتكە كېلىدۇ.



چىرايلىق كۆنلۈكسىمان مېدوزا دېڭىزدا خالىغانچە لەيلەپ ـ ئۈزۈپ يۈرمەكتە. ئۇ بۇرۇتى بىلەن ئۇششاق بېلىقجان، راك دېگەنلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ.

سوئال: كۆنلۈكسىمان مېدوزىنىڭ بۇرۇتى نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟

بىلىۋېلىڭ: مېدوزا دېڭىزدا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل رەڭلىرىدىكىسى، ھەر خىل شەكىلدىكىسى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىرى بولىدۇ.




www.uyghurkitap.com

# گورچاك بېلىقى

ئەمدىلا تۇغۇلغان گورچاك بېلىقىنىڭ بالىلىرى قانداق قىلىپ سەدەپ قۇلۇلىسى قېپىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندۇ؟

بۇ ئەسلىدە مۇنداق. بىر جۈپ گورچاك بېلىقى جۈپلەشكەندە، ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ تۇرغان تىرىك سەدەپ قۇلۇلىسىنى تاپىدۇ. چىشىسى گورچاك بېلىقى نەيچە ئارقىلىق تۇخۇمىنى سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ (ئاستىدىكى سۈرەتتىكىگە ئوخشاش)، ئاندىن ئەركىكى ئۇرۇقىنى سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىرىۋاتقان سۇغا قويۇپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە ئەركەك گورچاك بېلىقى بالىلىرى تۇخۇمدىن چىققىچە قۇلۇلە قېپىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بالىلىرىنى قوغدايدۇ. بالىلىرى تۇغۇلغاندىن كېيىن، قۇلۇلە قېپىدىن چىقىپ ئۆز ئالدىغا ياشايدۇ.






ئەركەك گورچاك بېلىقى ئۇرۇق سالىدىغان چاغدا قورسىقى سۇس ھال رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، چىشىسى تۇخۇم تۇغىدىغان چاغدا بولسا بەدىنىدىن نەيچە چىقىرىدۇ.

**سوئال: گورچاك بېلىقىنىڭ بالىسى نەدە تۇغۇلىدۇ؟**

**بىلىۋېلىڭ: چىشى گورچاك بېلىقى تۇخۇم تۇغقاندا ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان لىچىنكىلار سۇ بىلەن سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سەدەپ قۇلۇلىسىغا يەم بولۇپ كېتىدۇ.**



سەدەپ قۇلۇلىسى چىشى گورچاك بېلىقىنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان لىچىنكىلارنى مەززە قىلماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب جۇڭگو نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى ھازىرقى زامان مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国出版集团现代教育出版社 2012 年 1 月第 1 版, 2012 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: جاسارەت غوپۇر
بەت لايىھەلىگۈچى: جۇرئەت ھاشىم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى
قايتا تەكشۈرگۈچى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

**ھايۋان بالىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر رەسىملىك كىتاب**

**ياشاش**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت روزى

---

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
زاۋۇت: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 3
نەشرى: 2015 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7070 - 7
باھاسى: 13.60 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلمىنۇر مەمەت ئەلى



ISBN 978-7-5469-7070-7
9 787546 970707 >
定价：11.60元